# 113725 - كىرپىككە سۇ تېگىشنى چەكلەيدىغان لاك ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئىشلىتىش توغرىسىدا

## سوئال

بىز ئاياللار بىر مەسىلىنى تەپسىلى بىلىشكە قىزىقىۋاتىمىز، ئاياللار كىرپىككە لاك ئىشلەتسە تىخىمۇ گۈزەللىشىدۇ، قويۇق كىرپىكتەك كۆرىنىدۇ، بۇ لاكنىڭ بەزىلىرى سۇنى ئۆتكۈزىدۇ، بەزىلىرى سۇ ئۆتكەزمەيدۇ، بىزنىڭ بىلىشمىزچە تاھارەت ئالغاندا كىرپىككە چوقۇم سۇ تېگىشى كېرەك، كىرپىككە لاك سۈركىگەندە ئالغان تاھارەت قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

ئىنسان تاھارەت ئالغاندا  ۋە يۇيۇنغاندا كۆزىنىڭ كىرپىكى ۋە قاپىقىغا چوقۇم سۇ تېگىشى كېرەك بولىدۇ، چۈنكى بۇ جايلارمۇ يۇيۇشقا بۇيرۇلغان يۈزنىڭ دائىرىسىغا كىرىدۇ، شۇنىڭدەك قاشنىڭ تۈكلىرى، مەڭزىنىڭ تۈكلىرى، بۇرنى، ساقلى ھەممىسى يۇيۇش دائىرىسىگە كىرىدۇ.

"رەۋزەتۇل مۇربىئ"7-بەتتە مۇنداق كەلگەن: يۈزدىكى شالاڭ تۈكلەر، كۆزنىڭ قاپىقى، بۇرۇت، ئېڭەكنىڭ ئاستىدىكى تۈكلەرمۇ يۇيۇلىدۇ، چۈنكى ئۇلارمۇ يۈزنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ". ["ئەل مەجمۇئ" 1-توم 376-بەت. "مەۋاھىبۇل جەلىيل" 1-توم 185-بەت].

شۇنىڭغا ئاساسەن: ئەگەر ئىشلىتىلگەن لاك كىرپىككە سۇ يېتىشنى توسمايدىغان بولسا، ئالغان تاھارىتى توغرا بولىدۇ، ئەگەر سۇنىڭ يېتىشىنى توسىدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا تاھارەت ئېلىشتىن ياكى يۇيۇنۇشتىن بۇرۇن  ئۇنى چىقىرىۋېتىش كېرەك، چۈنكى تاھارەت بىلەن يۇيۇنۇشنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىن يۇيۇلىدىغان ئەزاغا سۇ يېتىشنى توسىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشتۇر.

ئىمام نەۋەۋىي "ئەلمەجمۇئ" 1-توم 492-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئىنساننىڭ بەزى ئەزالىرىدا شام ياكى خېمىر ياكى خىنىگە ئوخشاش يۇيىدىغان ئەزاغا سۇ يېتىشنى چەكلەپ قويىدىغان نەرسىلەر بولسا، ئۇ نەرسە ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ئۇنى ئېلىۋەتمىگۈچە ئالغان تەرەت توغرا بولمايدۇ".

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.